222445 - رامزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشنى كېچىكتۈرگەنلىكنىڭ كاپارىتىنى ئۇرۇغ-تۇغقانلارغا بېرىش توغرىسىدا

سوئال

مېنىڭ تۇل قالغان ھاممام بولۇپ، ئۇنىڭ كىرىم مەنبىيى يوق، بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بەرگەن ئىقتىسادى ياردىمى بىلەن ئۆزى يالغۇز ياشايدۇ. مېنىڭ يەنە بىر تاغام بولۇپ، ئايلىق ئالغان پۇلى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ تۆت بالىسى بولۇپ، ئىككىسى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدۇ، مېنىڭ سوئالىم: ئون سەككىز كۈنلۈك رامزاننىڭ قازا روزىسىنى كېچىكتۈرگەنلىكنىڭ كاپارىتىنى ئۇلارغا بەرسەم توغرا بولامدۇ؟، ئۇلارغا قانچىلىك مىقداردا ۋە قانداق شەكىلدە بېرىمەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

1- رامزاننىڭ قازا روزىسىنى كېچىكتۈرگەن ئادەم تۆۋەندىكى ئىككى خىل ھالەتنىڭ بىرىدىن خالى بولالمايدۇ:

بىرىنچىسى: ئۆزۈرلۈك بولۇپ كېچىكتۈردى. بۇنداق ھالەتتىكى كىشىلەر پەقەت شۇ روزىنىڭ قازاسىنى قىلسىلا بولىدۇ، باشقا كاپارەت كەلمەيدۇ.

ئىككىنچىسى: رامزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشنى سەۋەبسىز كېچىكتۈردى، بۇنداق ھالەتتە ئۇ كىشىگە روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن بىرگە كاپارەت لازىم بولىدۇ، بۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى.

بەزى ئالىملار بۇ مەسىلىدە ئىككىنچى قاراشنى قوللاپ، روزىنىڭ قازاسىنى سەۋەبسىز كېچىكتۈرگەنلىككە تەۋبە قىلىش بىلەن بىرگە، روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ، ئەمما ئۇلارغا كاپارەت كېرەك بولمايدۇ دەيدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى 122319-ۋە 26865– نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىنغان.

2-رامزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشنى كېچىكتۈرگەنلىككە كاپارەت كېلىدۇ دېگەن ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا، چىقىرىدىغان كاپارەت نەخ پۇل بولماستىن بەلكى يېمەكلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ مىقدارى: ھەر كۈن ئۈچۈن بىر پەقىرگە يېمەك بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "سىز رامزان روزىسىنىڭ قازاسىنى بەك كېچىكتۈرىۋەتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا سەمىمى تەۋبە قىلىڭ. سىز رامزاندا بۇزۇۋەتكەن روزىلارنىڭ قازاسىنى يەنە بىر رامزان كېلىشتىن بۇرۇن ئادا قىلىڭ. ھەر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان يۇرتتىكى كىشىلەر كۆپ ئىستىمال قىلىدىغان خورما، گۈرۈچ قاتارلىق يېمەكلىكتىن بىر كۈنلۈك

روزا ئۇچۇن ھەر بىر مىسكىنگە يېرىم سا يەنى بىر يېرىم كىلو ياكى ئىككى كىلو مىقدارىدا يېمەكلىك بەرسىڭىزبولىدۇ. ھەممىسنى بىر كەمبەغەلگە بەرسىڭىزمۇ دۇرۇس بولىدۇ." ["شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالار توپلىمى" 15-توم 341-بەت].

ئەگەر ھاممىڭىز ياكى تاغىڭىز ئېھتىياجلىق كىشلەردىن بولسا، كاپارەتنى ئۇلارغا بەرسىڭىز باشقا كىشلەرگە بەرگەندىن ئەۋزەلدۇر. سىزنىڭ قازا روزىلىرىڭىز ئۇچۇن بېرىلىدىغان كاپارەتنىڭ مىقدارى 27 كىلودىن 30 كىلوغىچە گۇرۇچ بەرسىڭىز بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۇچىدۇر.